شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 12 ـ ئاي
9
چارشەنبە
维吾尔文 12 月9日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25270 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ نېپال زۇڭتۇڭى باندارى بىلەن ئۆزئارا خەت ئەۋەتىپ جۇمولاڭما چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكىنى ئورتاق جاكارلىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ نېپال زۇڭتۇڭى باندارى بىلەن ئۆزئارا خەت ئەۋەتىپ، جۇمولاڭما چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكىنى ئورتاق جاكارلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇلتۇر، بىز جۇڭگو بىلەن نېپالنىڭ جۇمولاڭما چوققىسىنىڭ ئەڭ يېڭى ئېگىزلىكىنى ئورتاق جاكارلاش توغرىسىدا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغانىدۇق. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئىككى دۆلەت كوللېكتىپى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ئەڭ ئاخىردا يەر شارىۋى ئېگىزلىك ئۆلچىمى ئاساسىدىكى جۇمولاڭما چوققىسى قار يۈزى ئېگىزلىكىنى بېكىتتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

يول باشلاپ نىشان بەلگىلەش دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەش

ـــ مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى يىغىنىدىن يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «13 ـ بەش يىل»لىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى يېتەكلىگەنلىكىگە نەزەر

☐ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى**

ئەسىر يۈزۈمى ۋە 100 يىللىق ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى گىرەلەشكەن پەيتتە، ئىنتايىن جاپالىق 2020 ـ يىلدا، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئېپادىسى تۇمان ئاستىدا قالغان پۈتۈن يەر شارى ئىقتىسادىدىكى يارقىن رەڭگە ئايلاندى ــــ

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنى باشلامچىلىق بىلەن تىزگىنلىدى، پۈتۈن يەر شارىدىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئارىسىدا ئىقتىسادنىڭ مۇسبەت ئېشىشىنى باشلامچىلىق بىلەن ئەسلىگە كەلتۈردى، ھازىرقى ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى...

چوڭقۇر دېڭىزدا يۈرگەندە، نېمىگە تايىنىپ كۈچلۈك دولقۇنغا تاقابىل تۇرۇش كېرەك؟

«13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ بەش قېتىملىق يىغىنىدىن 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ سەككىز قېتىملىق يىغىنىغىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئۆزى پىلانلاپ، پۈتۈن ۋەزىيەت نەزەرى ۋە ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدىن جۇڭگو ئىقتىسادىدىن ئىبارەت غايەت زور پاراخوتنىڭ رولىنى تۇتۇپ يول باشلىدى.

ئىدىيە يېتەكچىلىك قىلدى، يېڭى ئىدىيە تەرەققىيات يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى

ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى مۇھىم، زور ۋەزىپىسى.

2018 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بېسىپ تارقاتقان «پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لايىھەسى»دە مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىغا ئۆزگەرتىش ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، چىگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت، دۆلەت ئىچىدىكى مۇشكۈل، ئېغىر ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى، بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ زەربىسى ئالدىدا، مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىن مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىغىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭ 13 قېتىملىق يىغىننى ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، 20 نەچچە مۇھىم، زور قارارلارنى تەتقىق قىلىپ، يەر شارىۋى نەزەر دائىرە ۋە ئىنتايىن كەڭ ئەندىزە بىلەن دۆلىتىمىز ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك سىياسىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىيات يىرىك پىلانى، 165 تۈرلۈك مۇھىم، زور قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى، ئوتتۇراھال كىرىملىك كىشىلەر توپىنى كېڭەيتىش، دۆلىتىمىزنىڭ تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، كەسىپلەرنىڭ ئۇل ئىقتىدارى ۋە كەسىپلەر زەنجىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش...

13 قېتىملىق يىغىندىكى ھەربىر مۇھىم، زور قارارلارنىڭ ھەممىسى باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، قايتا ـ قايتا تەتقىق قىلىپ، ئەتراپلىق ئويلانغاندىن كېيىن ئۆزى بېكىتتى، بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلىگەنلىكىنى نامايان قىلدى ــــ

2016 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، «13 ـ بەش يىل» يېڭى ۋەزىيىتى ئەمدىلا باشلانغاندا، مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 12 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ تۇنجى قارارىدا دىققەت «تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات»قا مەركەزلەشتۈرۈلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ماركسىزم كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى كوللېكتىپ ئۆگەندى

ماركسىزملىق نەزەرىيە ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە تۈرتكە بولۇشنى ئىلمىي يېتەكچىلىك بىلەن تەمىنلەش كېرەك

چېن چۇەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ماركسىزم كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئاساسىي روھى، ئاساسىي مەزمۇنى، ئاساسىي تەلەپلىرىنى چوڭقۇر ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلدى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۇنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا، چېن چۇەنگو، شەۋكەت ئىمىن، ئەركىن تۇنىياز، جاڭ چۇنلىن ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئالماشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىدىكى باشقا يولداشلار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار يازما پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ماركسىزم كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ۋە مېتودولوگىيەسىنى سىستېمىلىق شەرھلەپ، بىر قاتار يېڭى قاراش، يېڭى ئىدىيە، يېڭى ھۆكۈمنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ماركسىزم كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشنىڭ كونكرېت تەلىپىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم بايانلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ماركسىزم كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشتىكى ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ماركسىزملىق ئاساسىي پرىنسىپنى ئىشلىتىپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. كۆپچىلىك بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ماركسىزم كلاسسىك ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشتىكى يادرو ۋە ئاچقۇچ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىدىن ئىبارەت بۈگۈنكى زاماندىكى ماركسىزم، 21 ـ ئەسىردىكى ماركسىزمنى ئەستايىدىل ياخشى ئۆگىنىش، چوڭقۇر ياخشى ئۆزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەينەن ئۆگىنىش، ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەتراپلىق ئىگىلەش، سەممىيلىك بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، چېن چۇەنگو سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئەمەلىيەت تەجرىبىسى ۋە كوللېكتىپ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا يەنە مول ھوسۇل ئېلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ يىنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە: بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا يەنە مول ھوسۇل ئېلىنىپ، ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۇقىم ئىشلەپچىقىرىلىپ تەمىنلىنىشكە كاپالەتلىك قىلىش سەۋىيەسى يەنىمۇ ئۆسكەن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، دېھقانلار مول ھوسۇل ئېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يەرگە باغلاش، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تېخنىكىغا باغلاش» ئىستراتېگىيەسىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈردى، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپلىقى ئاشتى، ئاشلىق ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇقىم قەدەممۇقەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىك ئەھۋالىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇغداي ئومۇمىي مەھسۇلاتى بۇلتۇرقىدىن 336 مىڭ توننا، كۆممىقوناق ئومۇمىي مەھسۇلاتى بۇلتۇرقىدىن 374 مىڭ توننا، باشقا تۈرلۈك كۆزلۈك ئاشلىق 243 مىڭ توننا ئېشىپ، «ئاشلىق بىلەن ئوتۇزنى ئاساسىي جەھەتتىن تەمىنلەش، ئوزۇقلۇق ئاشلىق مۇتلەق بىخەتەر بولۇش» خىزمەت نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى.

مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئېشىشى بىلەن بىللە، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىمۇ يەنە ئۆستۈرۈلدى. بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر مو يەرگە بېرىلىدىغان كۈزگى بۇغداي ياردەم تولۇقلىمىسى ئۆلچىمى 180 يۈەندىن 220 يۈەنگە ئۆستۈرۈلۈپ، ئەلا سۈپەتلىك كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە يېتەكچىلىك قىلىنىپ، بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش سانىنى ئاشۇرۇشتىن سان، سۈپەتنى تەڭ ئۆستۈرۈشكە ئۆزگەرتىلدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»ىغا نەزەر

ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سىجىل ياخشىلاندى

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى شىڭ**

قىش كىرگەندىن بۇيان، ئاپئاق قار كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئىلى دەرياسى ساھىلىدىكى سۇلۇق يەردە، توپ ـ توپ ياۋا ئۆردەكلەر خۇشال ئويناۋاتاتتى، بۇ جاي بەئەينى بالىلار چۆچەكلىرىدىكى گۈزەل دۇنياغا ئوخشايتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىلى دەرياسىنىڭ سۇلۇق يەر بايلىقى ئۈنۈملۈك قوغدالدى، بۇ يەردە ياشايدىغان ۋە قىشنى ئۆتكۈزىدىغان ياۋايى ھايۋانلار يىلسېرى كۆپەيدى.

ئىلى دەرياسى سۇلۇق يېرىدىكى ئۆزگىرىش ئاپتونوم رايونىمىز ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغانلىقىنىڭ ئىخچام كارتىنىسى. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراق»نى قوغداش جېڭىنىڭ نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى بىلەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى يۇقىرى سەۋىيەدە قوغداشنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى سىجىل ياخشىلىدى.

بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى

««13 ـ بەش يىل»، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتىنىڭ ياخشىلىنىش نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئەڭ زور بولغان، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ ياخشى بولغان بەش يىل» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر دەي ۋۇجۇن.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



ئاق قۇلار كۆنچى دەرياسىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى

12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، شەھەر ئاھالىلىرى كورلا شەھىرىدىكى كۆنچى دەرياسى بويىدا ئاق قۇلارنى تاماشا قىلماقتا. كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاق قۇلارنىڭ ھەر يىلى بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلىشىدىغان ۋاقتى دەسلەپكى 50 كۈن ئەتراپىدىن ھازىرقى 180 كۈندىن كۆپرەك ۋاقىتقا ئۇزاردى. ☐ چۆ خۇرە فوتوسى

ئەسلى مەقسەتتە چىڭ تۇرۇپ سادىق روھنى تاۋلاش تيانشاننى ئۇزاققىچە قوغدايدىغان قارىغاي بولۇش

ـــ مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى جاسارەت مەخسۇت توغرىسىدا ئەسلىمە (1)

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاۋ جىيۈن، جاڭ يۈنپې**

ئۇدا نەچچە قېتىم ياغقان قاردا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شۈيتاشەن تېغى ئاق لىباس كىيگەندى، سوغۇق شامال تاغ ئورمانلىقى ئارىسىدىن ئۆتۈپ، قارلارنى ئۇچۇرۇپ تۇراتتى، قار ئۇچقۇنلىرى قۇياش نۇرىدا مەرۋايىتتەك پارقىرايتتى.

بۇ يەرگە جايلاشقان ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىش ـ تەكشۈرۈش مەركىزىگە كىرسىڭىز، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرلىرى ئىلگىرىكىدەكلا ئالدىراش بولۇپ، دېلو ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش يىغىنى ئېچىۋاتاتتى، تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرى بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى...

ھېچنېمە ئۆزگەرمىگەندەك قىلاتتى، لېكىن يەنە ئۆزگەرگەندەكمۇ قىلاتتى ــــ ئىلگىرى بۇ يەرنى 32 يىل چىڭ ساقلىغان ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى جاسارەت مەخسۇت ئەمدى سەپداشلىرى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلالمايدىغان بولدى.

2020 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، جاسارەت مەخسۇت خىزمەت ئورنىدا تۇيۇقسىز كېسەللىك قوزغىلىپ، بەختكە قارشى خىزمەت ئۈستىدە 57 يېشىدا قۇربان بولدى. بۇ سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى قەيسەر جەڭچى، پارتىيەگە بولغان چەكسىز ساداقىتى بىلەن، شىنجاڭنىڭ بۆلگۈنچىلىككە، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تاكى قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغانغا قەدەر باشتىن ـ ئاخىر كۈرەش قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى يولداش جاسارەت مەخسۇتقا «مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى» دەپ تولۇقلاپ نام بەردى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)